
ئىسلام گۈلىستانى

# ئالىيجاناب خۇلقلار

## (مەكارىمۇل-ئەخلاق)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئالىيجاناب خۇلقلار

( مەكارىمۇل - ئەخلاق )


پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

崇高是人生追求：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编.
乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，
2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-780-1

I. 崇… II. 阿… III. 维吾尔族—谚语—汇编—中国—维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024496 号

从 书 名　经典之花系列丛书
本册书名　崇高是人生追求
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　穆罕默德吐尔逊·斯迪克
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊

出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社

地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华华龙印务有限责任公司
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3.125
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-780-1
定　　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: ئالىيجاناب خۇلقلار
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-780-1
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، تەلىم - تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئالىيجاناب خۇلقلار» دېگەن كىتابتا 15 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب خاندەمىرنىڭ ھاياتى ۋە تەلىم - تەربىيىگە دائىر يازغان «مەكارىمۇل ئەخلاق» دېگەن ئەسىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# بوۋامنىڭ نەسىھەتلىرى

بوۋام پەرىشتىدەكلا ئادەم. مېھرى ئىسسىق، قولى ئوچۇق، گەپ - سۆزى مېغىزلىق، نەزىرى كەڭ، بىلىم ئىقتىدارى يەتكۈچە. كىشىلەر بوۋامنى «دېگىنى بىلەن قىلغىنى بىر يەردىن چىققىدىغان، ھەق بىلەن ناھەقنى ئېنىق ئايرىيدىغان، خەير - ساخاۋەتنى قولدىن بەرمەيدىغان، پەزىلەت كامالەتتە يېتىشكەن، ھەقىقىي ئىمان - ئېتىقادلىق ئۆلىما» دەپ چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلىشىدۇ. ئەنە ... شۇ تاپتا ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى كوچىدا پېشىن نامىزىدىن ياندىغان بىر توپ جامائەتنىڭ ئالدىدا بېشىغا قاردەك سەللە ئورالغان دوپپا كىيگەن، پاكىز، ئاپئاق ساقاللىرى مەيدىسىنى ياپقان، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، قىزىللىقىنى يوقاتمىغان يۈزلىرىدىن مېھرىلىك تەبەسسۇم ئارىلاش قەتئىيلىك يېغىپ تۇرىدىغان، ئاق كۆڭلىكى ئۈستىگە مەللەرەڭ يەكتەك، ئاستىغا ئاق رەختتىن تىكىلگەن تامبال، پۇتىغا نېپىز قارا خۇرۇمدىن تىكىلگەن يازلىق كەش كىيگەن ھالدا يېشى يەتمىشلەردىن ھالقىغىنىغا قارىماي، تېتىك، مەزمۇت قەدەم سېلىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ئاپئاق سىيما — پەرىشتە سۈپەت ئۆلىما مېنىڭ بوۋام.

مەن تۆت بىر تۇغقان — ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز ئىچىدىكى ئوغۇلنىڭ چوڭى بولۇپ، ئايىغىم يەرگە تەگكەن —

ئەمچەكتىن ئايرىلغان چېغىمدىن تارتىپلا بوۋامنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۇنىڭ يېنىدا چوڭ بولغانىدىم. ئەقلىمگە كېلىپ بىلسەم، بىزنىڭ جەمەتىمىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن باشلاپ ئىلىم - مەرىپەتكە كۆڭۈل قاراتقان، ۋۇجۇد دەرىخىنى ھالال مېھنەت - ئەمگەك تەرى بىلەن ياشنىتىپ، كۆڭۈل خەزىنىسىنى پاكلىق، ھالاللىق گۆھەرلىرى بىلەن تولدۇرغان ۋە ئىلىم - مەرىپەت جەۋھەرلىرى بىلەن بېزىگەن، باشقىلارغا ئېغىرلىقىنىمۇ سالماي، بېقىندىمۇ بولماي، ئۆز روزغارلىرىنى ئۆزلىرى تەۋرىتىپ ۋە كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ دىلىغا ئىلىم چىرىغىنى ياندۇرۇش، جامائەتنىڭ مۇسۇلمانچىلىق پەرھىزلىرىنى ئادا قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتەك مەشغۇلاتلار بىلەن يۇرت ئىچىدە يۇقىرى ئابروي - ئىناۋەت قازىنىپ ياشاپ كەلگەنىكەن. كىچىكىمدىنلا بوۋامنىڭ مېنى ئۆز يېنىغا ئەكىلىۋېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ، مېنى ئۆزى تەربىيىلەپ، ئەدەپ - قائىدە ئۆگىتىپ ۋە ئىلىم - ھېكمەت ئىگىلىتىپ، جەمەتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىس قىلىپ يېتىشتۈرمەكچى ئىكەن...

شۇنداق قىلىپ، مەن بوۋامنىڭ يېنىدا چوڭ بولدۇم. ئۈچ يېشىمدىن باشلاپ بوۋامدا، يەتتە يېشىمدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدۇم. ھېلىھەم تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتىمەن.

يېشىمنىڭ چوڭىيىشى، تونۇغان - بىلگەنلىرىمنىڭ كۆپىيىشىگە، بولۇپمۇ بوۋامنىڭ ماڭا بولغان تەربىيىسىنى ھەرقاچان بوشاشتۇرماي تۇتۇشىغا ئەگىشىپ، مەندە ئەدەبىيات بىلەن تارىخقا بولغان قىزىقىش ئالاھىدە ئېشىپ باردى. شۇڭا

مەن مەكتەپتە باشقا دەرسلەرنىمۇ ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، ئەدەبىيات ۋە تارىخقا ئائىت كىتابلارنى تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن كۆرىدىغان، كىتاب ـ ماتېرىيال كۆرۈشتە دەرسلىك ماتېرىيال بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بولدۇم. ئۆيگە قايتقاندىمۇ كۆپ قىسىم ۋاقتىمنى بوۋام بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كۆپرەك نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتىم.

بوۋام بىلەن بولىدىغان سۆھبىتىمىزدە ئۇنىڭ ماڭا كۆپرەك تەكىتلەيدىغىنى ئىلىم بىلەن ئەدەپنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئەدەپ ـ ئەخلاق ھەققىدە سۆزلىگەندە:

— ئوغلۇم، ئىنسان بالىسى ئىلىم بىلەن ئەدەپكە ھەرقاچان ئۆزىنى يېقىن تۇتمىقى كېرەككى، ئىلىم بىلەن روھىي دۇنياسىنى بېيىتىپ، ئەقىل كۆزىنى ئېچىشى: شۇنىڭدەك، ئەدەپ بىلەن ئۆزىنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتىنى توغرا يولغا سېلىشى لازىمدۇر. ئىنسان بالىسىنىڭ دۇنيادا ئەزىز ۋە مۆكەررەم بولۇشىغا مۇشۇ ئىككى نەرسىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتقانلىقى سەۋەب بولسا، خار ۋە بىئېتىبار بولۇشىغا بۇ ئىككى نەرسىدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقى سەۋەب بولىدۇ. بۇ ھەقتە مۆھتەرەم ئابدۇقادىر داموللا جانابلىرى ئۆزىنىڭ «مىفتاھۇل ئەدەپ ـ ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى» دېگەن مۆتىبەر ئەسىرىدە:

تەڭرىنىڭ ئىنسانغا كۆپتۇر تارتۇقى،
ئەقىل ۋە ئەدەپتىن يوقتۇر ئارتۇقى.
ئەقىل ۋە ئەدەپ ھەر ياشنىڭ جامالى،
ئۇنىڭسىز بولماس ھاياتنىڭ كامالى.

پەزىلەت كۆپ ئىبرۇر بۇ ئالەم ئارا،
ئىلىمدۇر ھەممىدىن ئەلىيۇلئەلا.
ئىلىمدۇر بىباھا قازسا پۇتمەس كان،
ئىلىمدىن باشقىسى كىمگە ئەسقاتقان؟
ئىلىملا نىجاتلىق بىرەر مەڭگۈلۈك،
بىلىملىك ھاياتتۇر، جاھىللار ئۆلۈك.
ئى ياش بىل، جاھىللىق نومۇستۇر بىشەك،
نادانلىق زۇلمىغا رازىدۇر ئىشەك!

دەپ تولىمۇ ئىنىق كۆرسەتكەن. جاھان ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ تا مۇشۇ كەمگىچە دۇنيادا سانسىزلىغان ئالىم - ئۆلىمالار ياشاپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزى ئىگىلىگەن ئىلىمگە يارىشا ئەخلاق - پەزىلەتلىكلىكى، ئىلىمگە ئۆزى باش بولۇپ ئەمەل قىلىشتا ھەر قاچان سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇش بىلەن مىسلىسىز شان - شۆھرەتكە، ئابرۇي - ئىناۋەتكە ئىرىشىپ تاكى بۈگۈنگىچە نامى ئۆچمەي كەلگەن. يەنە بەزىلىرى بولسا خېلى يۇقىرى ئىلىم ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تەكەببۇر، بەتپىئىل بولۇپ، ئۇلاردا ئىلىم بولسىمۇ پەزىلەت بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن ئىلمى ھاياتلىقىدا پەقەت ئۆزىنىڭ جىنىنى بىقىشقىلا ئەسقاتقان. ئۇلاردىن ئەخلاق - پەزىلەت بابىدا ھېچ نەرسە قالمىغاچقا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ نامى ئۆچكەن... بەس ئوغلۇم، ھەرقاچان ئىسىڭدە بولغايكى، ئۆگىنىشتە ئىلىم بىلەن ئەدەپنى ھەرگىزمۇ ئايرىۋەتمە، ھەر ئىشتا دىگىنىڭ بىلەن قىلغىنىڭ بىر يەردىن چىقسۇن، بۇ بابتا ھەر قاچان ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنى ئۈلگە قىل... —— دەيتتى.

مەن ئەلىشىر نەۋائىي دېگەن بۈيۈك زاتنىڭ بوۋامدىن ئاڭلىغانلىرىم ۋە كىتابلاردىن ئوقۇغانلىرىمغا ئاساسەن بۇندىن بەش يۈز يىللار ئىلگىرى ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى، ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يەتكەنىدىم. ئەمما بەش يۈز يىلنىڭ مابەينىدە خەلقىمىز تەرىپىدىن ئۇنتۇلماي ئېغىزلاردا زىكرى قىلىنىپ، كىتابلاردا خاتىرىلىنىپ، قەلبلەردە يادلىنىپ، ھېلىھەم ھايات ياشاۋاتقاندەكلا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغان بۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ ھاياتىنى تەپسىلىي بىلىش ئىستىكى مېنى بۇ ھەقتە بوۋامدىن يەنە سوراشقا ئۇندىدى.

— بوۋا، ئاشۇ ئالىيجاناب پەزىلەت ئىگىسى بولغان ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدىم مەن بىر كۈنى بوۋام بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ.

— بولىدۇ، ئوغلۇم، نەۋائىي ھەزرەت ھەققىدە سۆز ئېچىش ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر ئىلگىرىكى تارىخىدىن سۆز ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەرياننى بىلگەن ئادەم ھەم تارىختىن ھەم ئەدەبىياتتىن خېلى مۇكەممەل ساۋاتقا ئىگە بولالايدۇ. تارىخمۇ، ئەدەبىياتمۇ ئىنسان بالىسىنىڭ ھاياتىدا ئۆگىنىشى زۆرۈر بولغان ئىلىملەردۇر. مەن ساڭا داۋاملىق تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئەدەپ - ئەخلاقنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتىدىن ئەدەبىيات دېگەن ئىلىم مەيدانغا كەلگەن. ئەدەبىيات شۇنداق بىر ئىلىمدۇركى، ئۇ ئادەمگە دۇنيانى ۋە ئىنساننى چۈشىنىشنى ئۆگىتىدۇ. ئادەمنىڭ قەلبىنى پاكىزلاپ، توغرا ئېتىقاد ۋە ئەقىدە يېتىلدۈرىدۇ، ئەدەپ - پەزىلەت ئۆگىتىدۇ: رەزىللىك بىلەن

گۈزەللىك ۋە ئالىيجانابلىقنى پەرق ئەتكۈزىدۇ؛ تارىخ ئىلمى بولسا بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي هاياتلىق يوللىرىنى، قايغۇ بىلەن خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن قىسمەتلىرىنىڭ سىرلىق سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەيدۇ. قىسقىسى، ئەدەبىيات بىلەن تارىخ ئادەمنىڭ روھىنى تاۋلايدۇ، ئادەمگە تەجربە ئۆگىتىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات بىلەن تارىخ هاياتلىقتا ئۆگىنىدىغان زۆرۈر ئىلىملەردىن سانىلىدۇ. ئەمدى سەن بىلمەكچى بولغان ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەت ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي. بۈنىڭدىنمۇ سەن ئەدەبىيات ۋە تارىخ ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالىسەن...



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# ئالىيجاناب ئەخلاق ئىگىسى

ھىجرىيىنىڭ 844 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى[1] قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شاملى قەدىمىي شەھەر ھىرات كوچىلىرىدا ئۇچماقتا. پادىشاھ سارىيىدا ساراي خىزمەتلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقان غىياسىدىن قىيا ئېچىلغان ساراي ئىشىكىدىن تارتىنچاقلىق بىلەن قاراپ ئىشارەت بىلەن ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان قېيىنىنىسى ياش يىگىت ئەلىنى كۆردى ۋە «سەل توختاپ تۇر» دېگەندەك ئىشارەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قىلىۋاتقان ئىشىنى ئالدىراتتى. بىر ئازدىن كېيىن سارايدىكىلەر چىقىپ كېتىشتى. ئەلى سارايغا كىردى - دە، تۇرۇت قىلىپ تۇرماستىن ئۇچۇق - يورۇقلۇق بىلەن:

— خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، ئاكا، ئاللاتائالا سىزگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى... — دېدى. غىياسىدىن خۇشال بولغىنىدىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى - دە:

— بارىكاللا ئىنىم، — دېگىنىچە بېلىدىكى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن كەمىرىنى ئەلىنىڭ بېلىگە باغلاپ قويدى. بۇ چاغدا غىياسىدىنىڭ ئىشىمۇ تۈگىگەن بولۇپ، ئىككىيلەن سارايدىن بىللە چىقىپ ئالدىراش ھالدا غىياسىدىنىڭ ئۆيىگە — دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ يېنىغا مېڭىشتى...

---

[1] مىلادىيە 1441 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى.

غىياسىددىننىڭ ئائىلىسىگە ئىبىتقوسىز خوشاللىق ئېلىپ كەلگەن بۇ بوۋاق كېيىنكى چاغلاردا مەشھۇر شائىر، ئالىيجاناب ئىنسان سۇپىتىدە نامى تارالغان ئەلىشىر نەۋائىي ئىدى. غىياسىددىن پادىشاھ سارىيىدا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، بىر سۆزلۈك ۋە قەتئىيلىكى، شۇنداقلا ھەربىر ئىشنى چوڭقۇر مۇلاھىزە بىلەن ئويلاپ، ئاقىلانە تەدبىر يۈرگۈزۈش بىلەنلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ مەرىپەت سۆيەرلىكى، ساراي ئىچى ۋە تېشىدىكى ئىلىم - مەرىپەت ئەھلىلىرى ئالىملار، شائىرلار ۋە باشقا سەنئەتكارلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى بىلەن يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيىدە پات - پاتلا ئالىملار ۋە شائىرلار سۆھبىتى قىزىپ كېتەتتى. كىچىك ئەلىشىرنىڭ باللىق چاغلىرى ئەنە شۇنداق قويۇق ئىلىم مۇھىتىدا ئۆتكەن ۋە كېيىن ھىرات مەدرىسىلىرىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن مۇدەررىسلەرنىڭ تەربىيىسىدە شاھزادە ھۈسەيىن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە تەربىيىلىنىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىدى.

ئەلىشىرنىڭ ئەقىل كۆزى ئېچىلىپ، ئۆزى مۇستەقىل بىرەر مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى يېتىلىشكە باشلىغان چاغلىرىدا ئاتىسى ئۇنىڭ تەبىئىتىدە شېئىرغا مايىللىقنى بايقىغان ئىدى. ئەلىشىر بولسا بۇ چاغدا ئۆزى قىزىققان ئىشقا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتكەن ۋە خېلى كۆپ شېئىرلارنى يېزىپ، ئەينى زاماننىڭ تونۇلغان شائىرلىرىدىن مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىقلارنىڭ نەزىرىنى تارتىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ دادىسى غىياسىددىن ئۆزى شېئىر يازمىغان بىلەن خېلى - خېلى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ ئالدىراپ مۇئەييەنلەشتۈرمەيدىغان، شېئىرلاردىكى

ھاياجانلىق تىل بوياقلىرىدىن كۆرە مېغىزلىق پىكىر دۇردانىلىرىنى، زورۇقۇپ - چېكىنمەي ئېيتىلغان ئارتۇقچە مۇبالىغىلىق، مەدھىيە - خۇشامەت ئىزمىلىرىدىن كۆرە، ھەقىقەتكە مايىل، راست گەپ قىلىنغان شېئىر پەزىلەتلىرىنى ئىزدەيدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەلىشىرگە باشقا گەپ قىلماستىن پەقەتلا:

— سۆيۈق ىىجەز، مەدھىيىۋاز شائىر بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلە، يازمىلىرىڭدىن ئىلاھىي ھەقىقەتكە بولغان ساداقەت، ئىنسانىي مېھىر - ۋاپا، پاكلىق سادالىرى ئاڭلانسۇن، ئازغۇنلار ئۇنىڭدىن توغرا يولنى كۆرسۇن، ئۈمىدسىز - نىمجانلار ئۇنىڭدىن كۈچ - جاسارەت تاپسۇن، يازغىنىڭ بىلەن قىلغىنىڭ بىر يەردىن چىقسۇن، ئىلمى بار ئەمىلى يوق قۇرۇق ۋەز - نەسىھەتچى بولۇشتىن ساقلان. يازغىنىڭغا ئاۋۋال ئۆزۈڭ ئەمەل قىل. زۇلۇمغا ۋە ساختىلىققا چاپان ياپما، ئابرۇينى ھەقىقەتكە، توغرىلىققا ھامىي بولۇشتىن ئىزدە! — دېدى.

ئۇن بەش يېشىدىن باشلاپ سۇلتان ئۇبۇلقاسىم بابۇر خىزمىتىگە كىرگەن ئەلىشىر خىزمەت ئورنىغا بالدۇر كېلىپ، ئۆزىگە تەقسىم بولغان ۋەزىپىلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئورۇندايتتى. ئوردىدىن قايتقانلىرىدا بولسا خاس خانىسىغا بېكىنىپ كىتابلىرى ئارىسىغا چۆكەتتى. تەپەككۇر قۇشلىرى پەرۋاز قىلىپ، ئىلھام بۇلاقلىرى قايناپ تاشقانلىرىدا شېرە ئالدىغا كېلىپ ئاپئاق قەغەز يۈزىگە شېئىر دۇردانىلىرىنى نەقىشلەشكە باشلايتتى. ئۇ ئۆزى خالاپ تۈركىي تىلىدىكى شېئىرلىرىدا «نەۋائىي»، پارس تىلىدىكى شېئىرلىرىدا «فانىي» تەخەللۇسىنى ئىشلەتتى. ئەلىشىر ئۇن ئالتە ياشقا كىرگىنىدە ئاتىسى

غىياسىدىن ۋاپات بولدى، بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشىنىڭ ھەرخىل ئېغىر يۈكلىرىنى ئۆزى يالغۇز كۆتۈرۈشكە، دولقۇنلۇق ئېقىنلىرىدا ھوشيارلىق، چەبدەسلىك بىلەن ئۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. تېخى كىچىك ئىنىسى بىلەن ئاجىز ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشمۇ ئۇنىڭ زىممىسىدە ئىدى. ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەن يىلى سۇلتان ئوبۇلقاسىم بابۇرمۇ ۋاپات بولدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان سۇلتان ئەبۇسەئىد ئوردىدا ئۆز مەفكۇرىسىغا مۇۋاپىق تەرتىپ ئورنىتىپ، ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ خىزمىتىدە بولغان كۆپلىگەن ئىقتىدارلىق ئوردا كىشىلىرىنى ئوردىدىن چەتلەشتۈردۇ. جۈملىدىن، تېمۇرىيلەر ئائىلىسىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن خەۋپلىك ھېسابلاپ، ئۇلارنى چەت ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىۋېتىدۇ. ئەلىشىرمۇ بۇ چاغدا ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ھىراتتىن مەشھەدكە كېتىدۇ. ئۇ مەشھەدكە شۇ بارغىنىچە سەككىز يىل تۇرۇپ قالىدۇ. سەككىز يىل جەريانىدا ئۇ باشقا ئىشلاردىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىجادىي مەشغۇلاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش يولىدا باش چۆكۈرۈپ ئىجتىھات قىلىدۇ. شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھالدا شائىرنىڭ نامى تېخىمۇ مەشھۇر بولۇپ ئەتراپقا تارقىلىدۇ. بۇ چاغدا سۇلتان ئەبۇسەئىد ئۆزىگە مايىل بولمىغان شائىرنىڭ مەملىكەت تەۋەسىدە نام ـ شۆھرەت قازىنىپ كېتىشىگە چىدىماي، ئەمدىلا مەشھەدتىن ھىراتقا قايتىپ كەلگەن شائىرنى سەمەرقەندكە ئەۋەتىۋېتىدۇ.

ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمرانلار ئارىسىدىكى ئادالەتسىزلىك، خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم، شاھ سارىيىدىكى ئەيش ـ ئىشرەت، بۇزۇقچىلىقلار ئەۋجىگە چىققان، خەلق تۇرمۇشى خارابلىشىشقا

يۈزلەنگەن، مەنۋى هايات جاھالەتكە يۈز تۇتۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرى خارلانغان ۋەزىيەتتە ئەلىشىر نەۋائىي سەمەرقەندتىمۇ باشقا ئىشلارغا قىزىقماي، مەشھۇر قانۇنشۇناس ئەبۇلەيس سەمەرقەندىي ئەۋلادلىرىدىن بولغان مەشھۇر مۇدەررىس خوجا جالالىدىن فەزلۇللاھ ئەبۇ لەيسىنىڭ قولىدا ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئىلىم تەھسىلىگە بېرىلەشتۇرۇپ ئىجادىي مەشغۇلاتىنىمۇ داۋام ئەتكۈزىدۇ.

مەيلى ھىراتتا ئىجاد قىلغان شېئىرلىرىدا بولسۇن ياكى مەشھەد بىلەن سەمەرقەندتە ئىجاد قىلغان شېئىرلىرىدا بولسۇن، دائىملا ئادالەت بىلەن ھۆرلۈكنى، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن خەلقچىللىقنى تەرغىب قىلىپ، ئاۋامنىڭ تىنچلىق - خاتىرجەملىكى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن يۈرىكى سۇ بولۇپ كەلگەن شائىر قانداقلا بولمىسۇن مەملىكەتتە ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھۆرلۈك - ئازادلىقنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئىچىمىزدىن كۈچلۈك، ئادالەتپەرۋەر ھۆكۈمران بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايتتى ھەم دوستى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئەنە شۇ خىلدىكى ھۆكۈمران بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئىككىيلەننىڭ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلانغان دوستلۇقى ۋە ھۈسەيىن بايقارانىڭ شائىرلىق ئىستېداتى نەۋائىينىڭ بۇ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ: «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىشىمنى ئىچىمگە تىقىپ، قەغەز يۈزىدە شېئىر جېڭى قىلدىم، قەغەز يۈزىدىكى جەڭ بىلەنلا ئەلدە ھۆرلۈك - ئازادلىق ئورنىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى قەلەم تۇتقان قولۇمغا قىلىچ ئېلىپ، ئاتنى ئېگەرلەپ، ئەلدە ئادالەت ئورنىتىش جېڭىگە تەييارلىنىشىم

كېرەك. شۇندىلا مېنىڭ يازمىلىرىمدىكى ئادالەت دەۋايىم ھەقىقىي مەنىسىنى تاپىدۇ...» دەپ ئويلىدى - دە، بۇ قېتىم ئىككىلەنمەيلا ئەمدىكى سىياسىي پائالىيىتىنى ھۈسەيىن بايقارا تەرەپتە تۇرۇپ ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن باشلىدى. شائىر بۇ مەۋقەسىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇپ ھەقىقىي خەلقپەرۋەر شائىر، ئادالەتپەرۋەر دۆلەت ئەربابى ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھايات كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

مىلادىيە 1469 - يىلى خۇراساندا ھۈسەيىن بايقارا تەختكە چىقىپ، ھاكىمىيەت يەنە تېمۇرىيلەر ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا قارار تاپتى. ياندۇرقى يىلى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىينى ئوردىنىڭ باش مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى، كېيىن يەنە ئۇنىڭغا ئەمىرلىك ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇ ئەمدى ھۈسەيىن بايقاراغا تېخىمۇ سادىقلىق بىلەن ئىشلىدى. ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلغان بولسا ئۇنى مۇستەھكەملەشكىمۇ شۇنچىلىك كۈچ قوشتى. ئۇ: «كۈچلۈك، ئادالەتپەرۋەر پادىشاھ مەملىكەت خەلقىگە تىنچ، ھۆر ھايات ئاتا قىلالايدۇ» دەپ قارايتتى.

ھۈسەيىن بايقارا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مانا شۇ دەۋردە ھىراتتا ناھايىتى كۆپ شائىرلار، ئالىملار ۋە سەنئەتكارلار يېتىشكەن ۋە كامال تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شۇ دەۋر مەدەنىيەت تارىخىنى نۇرلاندۇرغان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ئەنە شۇ ئەھلى پازىللارنىڭ ئۇستازى ۋە ھىمايىچىسى خۇراسان دۆلىتىدە ئەڭ ئابرۇيلۇق شائىر ۋە ئوقۇمۇشلۇق دۆلەت ئەربابى ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەت ئىدى. ئۇنىڭ ئارامبەخش شېئىرلىرى خەلققە روھىي ئوزۇق بېرىپلا قالماستىن، ھۈسەيىن



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com